شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

2011
4



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
08>

# 源泉（布拉克）· BULAK

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 139 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# بۇلاق

2011 ـ يىللىق 4 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەكارىمۇل ـ ئەخلاق ........................ خاندەمىر (5)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتتۇرسۇن سىدىق
دىۋانى ھەيرەتىي ........................ ھەيرەتىي (21)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇمۇر

### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

دىلكۇشا ھېكايەتلەر ........................ (38)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پارچە ........................ (43)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىلە ئابلىمىت

### مەشھۇر شەخسلەر

ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........................ ئۆمەرجان نۇرى (47)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


بابۇرنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دىكى رۇبائىي ۋەزىنلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى ................. ئەرافات ھەسەن مۇسابايوف (52)
سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلشىر نەۋائىيغا يازغان نەزىرەلىرى ......... ئايشەگۈل سەرتقايا (66)
ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى
بىر رۇبائىي توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز ............................................ خۇدابەردى ئابدۇللا (74)
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادىتى توغرىسىدا .................................... تۇرنىسا روزى (76)


## مەشھۇر ئەسەرلەر


«زەخىرەئى خارەزم شاھى» ناملىق ئەسەر ھەققىدە ......................... ئابدۇراخمان زاكىر (85)


## فولكلور تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۆزىتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ............................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (88)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


دانىشمەن قىز (چۆچەك) ............................ توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان (109)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئەخمەتشا قاراقاشىي (رەسسام: مۇرادىل ئابىد)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن

مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: قۇربانجان شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكتىرونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

# سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا يازغان نەزىرەلىرى

ئايشەگۈل سەرتقايا (ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى)

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

ئانادولۇدىكى تۈركلەر بىلەن ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت دەۋرىدە باشلىنىپ، ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد دەۋرىدىمۇ داۋام قىلدۇرۇلغان.

ئانادولۇدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىگە يېزىلغان تۇنجى نەزىرەلەرنى 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد سارىيىدا ياشىغان، سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت بىلەن سۇلتان ئىككىنچى بايەزىدنىڭ شەرقتىكى تۈركلەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇپ (بىتىگ) ۋە پەرمان (يارلىغ) لىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان كاتىب (باخشى) ــ سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يېزىپ چىققان.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يازغان ئەسەرلەردىن ئىستانبۇلدىكى توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدا (D) 5 − E. 11980 ـ نومۇردا تۇرۇلمە قەغەزگە چاغاتايچە يازغان ئۈچ غەزەل بىلەن بىر پارسچە ئىلتىماس ساقلىنىۋاتىدۇ. مەتنىگە دىققەت بىلەن قارىساق، نەزىرەدە تىلغا ئېلىنغىنى ــ پادىشاھ فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد بولۇپ، نەزىرەنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋاپات بولغان مىلادىيە 1481 ـ يىلىدىن كېيىن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلى ئۇنىڭ «غارايىبۇس ـ سىغەر» ناملىق دىۋانىدىن ئېلىنغان بىر غەزەلنىڭ بەش بېيىتىدۇر. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ غەزىلىگە ئوخشاش ۋەزىن ۋە قاپىيە بىلەن ئىككى نەزىرە يازغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

ئەملەھوش ـ شۇئەرا مەۋلانا نەۋائىي ئايتۇر:

سېنى كۆرگەچ دەر ئېدىم بىر مېھرىبانىم بار ئىمىش،
ئاللاھ، ئاللاھ، نە بەلا باتىل گۇمانىم بار ئىمىش.
ئارەزىڭ ماھىيەتى ئاغزىڭ سۆزىن شەرھ ئەيلىسەم،
ۋەھ نە تەبئى پاكۇ زېھنى خۇردەدانىم بار ئىمىش.
چاك قىل كۆكسۇمنى ئەي بەدمىھر تاكى بىلگەسەن،
تىغى ھەجرىڭدىن نە نەۋئ ئازۇردا جانىم بار ئىمىش.
نە ھەيات ئەردى ئۆلەر ھالەتتەكىم كۆرگەچ ئانى،
ناز ئىلە دېدى ھەنۇز ئول ناتەۋانىم بار ئىمىش.
دەركى يالقىپتۇر نەۋائىي ئۇندىن، ۋەھ ياخشىدۇر،
كىم تىرىكلىكتىن نىشانەتەك بىر فىغانىم بار ئىمىش.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى نەزىرە يازغان بۇ بەش بېيىتنى ئالغان غەزەل توپقاپى سارىيىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى «رەۋان، 808 - نومۇرلۇق نەۋائىي كۇللىياتى 444a - 444b»دا ۋە سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىكى «فاتىخ، 4056 نومۇرلۇق نەۋائىي كۇللىياتى 432b»دا يۇقىرىقى 4 - بېيىتتىن كېيىن كېلىدىغان تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتمۇ بار.

جەۋھەرى ئىشقىن ئۇلۇرغا خەلق مەخفى نەقدىدەك،
جان ئىچىندە بىر نەچە داغى نىھانىم بار ئىمىش.
يۈز غەمىم بار ئەردى مۈڭ كۈيىگە كىرگەچ بولدى رەفئ،
ۋەھكى مەن غافىل ئەجەب دارىلئەمانىم بار ئىمىش.

شەيخزادە ئەبدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىرى نەۋائىيغا يازغان بەش بېيىتلىق تۈنجى نەزىرەسى: ھۇۋەل فەتتاھ، جەۋاب ئايتۇر:

پادىشاھىم دەۋرىدە بىر خۇش زەمانىم بار ئىمىش.
بارچە خەۋفۇ ھەم خەتەردىن كۆپ ئەمانىم بار ئىمىش.
ئەدلۇ ئىنسافىڭ چاۋى بارديۇ خىتاۋۇ خوتەن،
ھەمدۇلىللاھكىم، شاھىمدەك مېھرىبانىم بار ئىمىش.
چۈنكى سۇلتان بايەزدخان ئالدى رۇمنىڭ تەختىنى،
ئۇشبۇ دەۋلەت چۈن ئەزەلدىن كەندىسىگە يار ئىمىش.
ھەر ئەدۇكىم مۇنكىر ئولسا سۇلتانىم دەۋلەتىغە،
بۇ مۇئەييەنكىم ئەدۇنىڭ بوينى يىپۇ دار ئىمىش.
ئىئتىقادلىق قۇللارىنىڭ يۈزى باخشىدەك كۈلەر،
ئىئتىقادسىز يۈرگەنىنىڭ ئورنى جەھەننەم ئىمىش.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا يازغان بەش بېيىتلىق ئىككىنچى نەزىرەسى: ھۇھۇۋەل فەتتاھ، تاقئى بىر جەۋاب ئايتۇر:

ئول پەرى رۇكىم ئانىڭ ئاغزى ئاجايىب تار ئىمىش.
كۆرسە مىڭ زاھىد كۇتۇپ لەئلى لەبىغە زار ئىمىش.
زۇلفىنىڭكى پىچىنى قىلسام ئانىڭ شەرھىن ئەيان،
گۇيىيا بىر نۇقرەئى پاك ئۇزرە ياتقان مار ئىمىش.
كۆكرەكىمنى يارغىلۇ كۆرگىل نە ئوتلار يانادۇر،
گەر ئىنانماسسەن ئاھىمنىڭ شۇئلەسى چۈن نار ئىمىش.
مەنسەنىمنى ئىستەيۇر ئاراباچىيۇ بارسچىلار،
ھەر كىشىكىم كەندىيى بىلمەسە بەسكىم ئار ئىمىش.
باخشى گۇستاخلىق قىلىپ ئايتتى نەۋائىيغا جەۋاب،
ئول غەزەلغە بىر جەۋاب ئايغۇ بۇ رۇمدا بار ئىمىش.
دەۋلەت مۇستەدام - بىھەققىن نەبىيى بىئل - ئىباد

بۇ دۇئادىن كېيىن، پارسچە ئالتە قۇرلۇق مۇنداق بىر ئىلتىماس بار: — «ھازىر ئوڭ قول شەيخلىق

مەنسىپى كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىلتىماس قىلىپ ئاپتۇ، پېقىر قۇللىرىمۇ شۇ مەنسەپكە ئېرىششنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر پادىشاھىنىڭ مەرھەمىتى كېلىپ، بۇ مەنسەپنى دۇئاچىڭىز (پېقىر) باخشىغا ئىلتىپات قىلىپ بەرسە، ئىككى ئالەمدە دۆلىتىڭىز مەڭگۈلۈك بولسۇن».

بۇ پارسچە ئىلتىماستىن شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ بىر مەنسەپ تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە مەنسەپتىن باشقا تەلەپلىرىمۇ بار. غەزەلىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھارۋىكەش ۋە ئۇۋچىلار بۇ مەنسەپنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، غېرىبلار باخشىنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ مەنسەپنىڭ شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يەنە باشقا ئىلتىماسلارنىمۇ يازغان. مەسىلەن، 3/11980 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 17 قۇرلۇق قەسىدىسىدە ئىشغىل قىلىنغان بىر ئۆينى تەلەپ قىلغان. بۇ ئۆينى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، 8/11981 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقىدىكى غەزەلىدە پادىشاھتىن باشقا بىر ھەدىيە تەلەپ قىلغان. غەزەلىنىڭ 4 ـ بېيىتىدا مۇنداق يېزىلغان:

ئون يەتتە ئاتۇ خاتىرىم ئارپا يەر،
ئول سەبەبتىندۇركى بولدۇم خارجىسىز.

ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 11981/.11 نومۇرلۇق قەسىدىنىڭ 14 ـ بېيىتىدا مۇنداق يېزىلغان:

سۇلتانىم ئېسەن بولسۇن، بارچە دۇشمەنى ئۆلسۇن،
ياز فەسلىدە مەن قۇلنى گۆندەرسە (ئەۋەتسە) قارامانغا.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قارامانغا بارغان ياكى بارمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

فاتىخ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئۇزۇن ھەسەنبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدىكى بىر پەرماننى ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن يازدۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ پەرماننى يازغان كىشى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت سەمەرقەندتىن ئەكەلدۈرگەن كاتىپ (باخشى)دۇر. ئىستانبۇلدىكى توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى بىلەن سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئىسىملىك بۇ باخشى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز ھەم ئانادولۇدىكى تۈركلەر بىلەن ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەلۇماتقىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

## شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ھاياتى

ئوسمانلىچە مەنبەلەردە شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدىلا ئۇچرايدۇ.

تەخەللۇسى: شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدە تەخەللۇسى «باخشى»، «باخشى قۇل»، «تۈركىستانى باخشى»، «باخشىئى تۈركىستانى» شەكلىدە بولۇپ، مەتنىدە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

**باخشى**

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 17

بېيىتلىق قەسىدە (1)نىڭ 16 ـ بېيىتىدا:

سەن ئۇل نۇرى ئىلاھى سەن بۇ باخشىغا نەزەر قىلساڭ،
كېلۇر دەۋلەت، كېتەر مېھنەت، يېتەر ئىززەت، بولۇر سەخخار.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5(D) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

ئېئتىقادلىق قۇللارنىڭ يۈزى باخشىدەك كۈلەر،
ئېئتىقادسىز يۈرگەننىڭ ئورنى جەھەننەم ئىمىش.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5(R) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

باخشى گۇستاخلىق قىلىپ ئايتتى نەۋائىيغا جەۋاب،
ئۇل غەزەلغە بىر جەۋاب ئايغۇ بۇ رۇمدا بار ئىمىش.

4. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 6 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 7 ـ بېيىتىدا:

سېنىڭدەك شاھىنىڭ ئاستانەسىدە،
بۇ باخشىدەك گەدا بولماسا ئۇلماس.

5. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 6(E) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان «باھارىياتى نەزمۇ نەسر ئايتۇر» (2) دېگەن شېئىرىدا:

باخشىدا ئېئتىقاد بار،
خۇدا بولسۇن ئاڭا يار.
سۆزلەرىدە مەئنە بار،
نەۋرۇز مۇبارەك باد.

شەكىلدىكى 21 ـ كۇپلېتىدا «باخشى» تەخەللۇسى ئۇچرايدۇ.

**باخشى قۇل**

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 8 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق قىتئەنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

پادىشاھلار كۆپ كۆرۈپتۇر باخشى قۇل،
سىز كەمالۇ فەزلىنىڭكى دۇرجى سىز.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 12 ـ نومۇرلۇق ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

كۆز ئۈچىدىن بىر نەزەر قىلغىل زەكاتى ھۆسن ئۈچۈن،
باخشى قۇلغاكىم مەھەللى لۇتفۇ ئىھساندۇر بەگىم.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 10 ـ نومۇرلۇق ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

باخشى قۇل ئەۋۋەلدە دەھشەتسىز ئەيۇر ئەرد سۆزىن،
ئەمدى سورغىل كى خجالەتتىن ئانىڭ ھالى نەدۇر.

4، 5. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 9 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

سائادەت چۇن ئەزەلدە بار ئىمىشدۇك،
تاقى بۇ باخشى قۇلغا يار ئىمىشدۇك.
پادىشاھتىن باخشى قۇلغا كۆپ ئىنايەت بار ئېدى،
ئۇشبۇ يىل بايراملىق ئول گۇلدەستە رەيھاندۇر يانا.

6. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 ـ بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

جەفادىن ئۆزگە قۇلۇڭ باخشى كۆرمەدى سەندىن،
سېنى ۋەفاسىزۇ نامېھرىبان دېمەي نە دەيىن.

دېگەندەك «باخشى قۇل» تەخەللۇسى بىلەن ئۇچرايدۇ.

**تۇركىستانى باخشى ۋە باخشى تۇركىستانى**

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئۆزىنىڭ تۇركىستانلىق ئىكەنلىكىنى شېئىرلىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 4 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ ماۋزۇسىنى قىزىل رەڭ بىلەن «تۇركىستانى باخشى ئايتۇر» دەپ باشلىغان. شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدىكى بۇ تەخەللۇسى 7 ـ بېيىتتا يەنە مۇنداق شەكىلدە ئۇچرايدۇ:

ئۇشبۇ تۇركىستانى باخشى ھەسرەتىڭدە تۇنۇ كۈن،
كۆزلەرىدىن دۇر تۆكۈپ ئايتۇركى خانىم قايدا سەن.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 7 ـ بېيىتىدا:

تۇركىستانى باخشىنىڭ بېگىم قوۋما قاشىڭدىن،

دېگەندە «تۇركىستانى باخشى» تەخەللۇسى بىلەن ئۇچرايدۇ.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 9 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 17 بېيىتلىق قەسىدەنىڭ 15 ـ بېيىتىدا:

چۇنكى ئايدى بۇ قەسىدە باخشى تۇركىستانى ئول،
تەبئىنىڭ ئاسارى بۇ نەزم ئىچرە بەرراندۇر يەنە.

دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئۇچرايدۇ.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قوللانغان تەخەللۇسلىرى بولسا «شەخزادە ئابدۇرەززاق باخشى»، «ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى»، «ئابدۇرەززاق» ۋە «شەيخزادە» دېگەندەكناملار بىلەن ئۇچراپلا قالماي، مۇنداق شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ.

**شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى**

ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ ئاياسوفيا بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان 4757 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان بىر مەجمۇئەنى شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يازغان بولۇپ، بۇ مەجمۇئە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»نى،

مىر ھەيدەرنىڭ «مەخزەنۇل ـ ئەسرار»نى، لۇتفىنىڭ 9، سەككاكىنىڭ 3 غەزىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەجمۇئەنىڭ تەييارلانغان ۋاقتى مەجمۇئەدىكى ئىككىنچى ئەسەر «مەخزەنۇل ـ ئەسرار»نىڭ يازغۇچى خاتىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تارىخ سەككىز يۈز سەكسەن تۆرتتە، توڭغۇز يىلى، زۇلقەئدە ئايىنىڭ ئون يەتتەسىدە شەنبە كۈنى تەمام بولدى. دەۋلەت كەلسۇن، مېھنەت كەتسۇن تېب، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى قوستەنتەنىيەدە بىتدى.»

مەجمۇئەنى تەييارلىغۇچىنىڭ ئىسمى «شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى» بولۇپ، خاتىرىلەنگەن ۋاقىت «ھىجرىيەنىڭ 884 ـ يىلى زۇلقەئدە ئايىنىڭ ئون يەتتىسى» (توڭغۇز يىلى) مىلادىيە 1480 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت بولسا 1481 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاپات بولغان بولۇپ، بۇ مەجمۇئە فاتىخ سۇلتاننىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى تەييارلانغان ۋە فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتكە ھەدىيە قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

مەجمۇئەنىڭ ئاخىرقى بېتىگە «بايەزد بىن مەھمەدخان، ئەل مۇزەففەر» دېگەن مۆھۈر بېسىلغان. بۇنداق بولغاندا، بۇ مەجمۇئە فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ كۇتۇپخانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ چىقىدۇ.

### ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان يېگانە نۇسخىسىنىڭ 185 ـ بېتىدىكى «تۈگەندى قۇتادغۇ بىلىك كىتابى، تارىخ سەككىز يۈز قىرىق ئۈچ يىل تا قوي يىل مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرتى ھېراتتا» ۋە تولۇق يېزىلغان 189 ـ بەتتىكى «تارىخ سەككىز يۈز قىرىق ئۈچتە قوي يىل ئاخىرى مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرت ياڭىسى ھېرا شەھرىندە بىتىلدى» دېگەن خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەر «ھىجرىيەنىڭ 843 ـ يىلى مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرتى» (قوي يىلى)، مىلادىيە 1439 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆپەيتىلگەن. 189 ـ بەتنىڭ ئاخىرىدىكى 4 قۇردىكى كۆپەيتكۈچىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «تارىخقا سەككىز يۈز يەتمىش توقۇزتا يىلان يىل بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى ئۇچۇن ئىستانبۇلدا تۇقاددىن فەنارى ئوغلى قازى ئالى بىتىك ئىبەرىب كەلتۇردىلەر. مۇبارەك بولسۇن، دەۋلەت كەلسۇن، مېھنەت كەتسۇن.»

### ئابدۇرەززاق

1. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتى بولغان 190 ـ بېتىگە پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن 5 تۆيۇق يېزىپ قويغان. تۆيۇقلارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئەرەب يېزىقىدا يازغان مۇنداق بېيىتلار ئۇچرايدۇ:

ئابدۇرەززاق سۆزلەرىن ئايدى ساڭا،
بار ئىسە تەبئۇڭ جەۋابىڭ بەر ئاڭا.

### شەيخزادە

1. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسى 190 ـ بېتىنىڭ ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بىر ئىمزا، ئاستىدا ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان «باخشى بەلگىسى» بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىمزانى رەشىد رەھمەتى ئارات مۇقىملاشتۇرماي، «شەيخزادە

بەلگۈچى؟» دەپ تىرانسكرىپسىيە قىلغان. ئوسمان فىكرى سەرتقايا توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدىكى لۇتفىنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 11981 ـ 13 ـ نومۇرلۇق تۈيۈقنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان ئىمزا بىلەن توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق 5 ـ بېيىتلىق غەزىلىنىڭ ئاستىدىكى ئوخشاش بىر ئىمزانى تىرانسكرىپسىيە قىلغان. بۇ ئىككى ئىمزانىڭ ياردىمىدە رەشىد رەھمەتى ئارات «شەيخزادە بەلگۈچى؟» دېگەن تىرانسكرىپسىيىنى «شەيخزادە بەلگۈم چىن» دەپ تۈزىتىشكە توغرا كەلدى. ئوسمان فىكرى سەرتقايا «شەيخزادە بەلگۈم چىن ئىبارىسىنى «چىن بەلگەم شەيخزادە تۇرۇر» دەپ چۈشەنمەك ۋە «ھەقىقەتەن بەلگەم شەيخزادە تۇرۇر» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ ئىمزادىمۇ «شەيخزادە» تەخەللۇسىنى ئۇچرىتىمىز.

**يۇرتى**

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئانادۇلۇغا سەمەرقەندتىن كەلگەن. ئۆزىنىڭ سەمەرقەندلىكلىكىنى 11981 ـ 7 ـ نومۇرلۇق ئەرەبچە يېزىلغان 9 بېيىتلىق شېئىرىنىڭ 5 ـ بېيىتىدا تېخىمۇ ئېنىق يازغان:

بېگىم ھەزرەتى باخشىنىڭ سۆزى بار،
خۇدا بولسۇن ھەر ئىشتا بېگىمە يار.
بۇ قۇلنىڭ خاتىرى ئات ـ ئېتى ئىستەر،
كى بەرگىل تابلاسىندا بىر ساقات بار،
ساقات ئات يىيەن ئارپا زايىئ ئولۇر،
ئانىڭ ئۇچۇن دان ئاتلارنىڭ يېرى تار.
ئانى بىسمىل قىلىپ باستۇرما قىلاي،
قىشىڭ ساۋۇغ (لۇ)غىدىن چۇن ئەسەر بار.
سەمەرقەند ئېلى سەۋەر ئات ئېتىنى،
بۇ ئەللەردە بەسى مەقبۇل ھاۋيار.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ كۆپەيتكەن ئەسەرلىرى ئىچىدە يېزىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغىنى «فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت يارلىغى»دۇر.

فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتخان 1473 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇزۇن ھەسەنبەگنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە زەپەر خۇش خەۋىرىنى 1473 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قاراھىساردا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قەلىمىدە ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 201 قۇرلۇق يارلىقى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۇقتۇرغان. بۇ يارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتى: «تارىخ سەككىز يۈز يەتمىش سەككىزدە، يىلان يىلى رەبىئۇل ـ ئاخىرنىڭ بەشىدە قاراھىسارتا ئەرۇرتە بىتىلدى» دەپ يېزىلغان. يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيەنىڭ 878 ـ يىلى رەبىئۇل ـ ئاخىرنىڭ 5 ـ كۈنى، مىلادىيە 1473 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا ئاساسەن شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئانادۇلۇغا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت دەۋرىدە كەلگەنلىكىنى بىلىشكە ۋە ئىسپاتلارغا قاراپ 1473 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوسمانلى سۇلتانلىقى سارىيىدا ئىشلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 - 5 - نومۇرلۇق بايەزدكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ئارىسىدا 3 غەزەل ۋە بىر پارچە ئىلتىماس بار. بىرىنچى غەزەل ئەلىشىر نەۋائىينىڭدۇر. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى غەزەللەر بولسا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلىگە يازغان نەزىرەلەردۇر. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى بۇ غەزەللىرىدە سۇلتان ئىككىنچى بايەزدكە مەدھىيە ئوقۇغان.

ھازىرغىچە شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغان 5 تۇيۇق ۋە 3 ئىمزاسى، ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 3 قەسىدە ۋە 2 غەزەل، ئەرەب يېزىقى بىلەن يازغان 1 قەسىدە، 7 غەزەل، 1 قىتئە ۋە 1 باھارىيياتى، جەمئىي 45 پارچە ئەسىرى بايقالغان ھەم ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئاخىردا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ سارىيىدا ياشىغان، فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ شەرقتىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇب (بىتىگ) ۋە پەرمان (يارلىق)لىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان سەمەرقەندلىك كاتىب بىلەن «باخشى»نىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان ئەسىرىدىن بىر ئۆرنەك.

ئىزاھاتلار:

(1) تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ ماقالىگە قاراڭ:

Ayse Gul Sertkaya: Dogu Trkcesi ile yazilmis leftunesirli bir kasidenin kaynaklari uzerine dusunceler, Ilmi Arastirmalar, 7, Istanbul, 1999, s177 – 190.

(2) تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ ماقالىگە قاراڭ:

Ayse Gul Sertkaya: Seyh – zade Abdurrazal Bahsi Bahariyyesi ve Nevruz beyitliri, Meslek Hayatinin 25. yilinda Ptof. Dr. Abdulhaluk M. Cay Armagani, II. Ankara, 1998, s 1395 – 1408.

«ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى، ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر»، (2001 - يىلى ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى) (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك نامىدىكى مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي ئىلمىي جەمئىيىتى، تۈرك تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى نەشرى: 825، 2004، ئەنقەرە)

(تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)